فېبر هېرمان (كانادا)

# 爷爷一定有办法

# بوۋامنىڭ چوقۇم ئامالى بار

文. 图/ [加] 菲比. 吉尔曼　译/宋珮



新疆美术摄影出版社
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned with CamScanner

فېبر ھېرمان (كانادا)

# 爷爷一定有办法

# بوۋامنىڭ چوقۇم ئامالى بار

文.图/ [加]菲比.吉尔曼　宋珮/汉译

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: سۇڭ پېي

ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: نازىلە ئىلھام



新疆美术摄影出版社

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned with CamScanner



当约瑟还是娃娃的时候，爷爷为他缝了一条奇妙的毯子。

جوزېفنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدا بوۋىسى ئۇنىڭغا بىر ئەديال تىكىپ بەر-





Scanned with CamScanner



……毯子又舒服、又保暖，还可以把噩梦通通赶跑。不过，约瑟渐渐长大了，奇妙的毯子也变得老旧了。

ئەدىيال ھەم راھەت، ھەم ئىسسىق بولۇپ، يەنە تېخى يامان چۈشلەرنى قوغلىۋېتەلەيتتى.
ئەمما جوزېفنىڭ تەدرىجىي چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ ئەدىيالمۇ كونىراپ كەتتى.





Scanned with CamScanner



有一天，妈妈对他说：
“约瑟，看看你的毯子，又破又旧，好难看，真该把它丢了。”

بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— جوزېف، قارىغىنا بۇ ئەدىيال ھەم كونىراپ، ھەم يىرتىلىپ سەتلىشىپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇنى تاشلىۋەتسەك بولغۇدەك، — دېدى.





Scanned with CamScanner



约瑟说：“爷爷一定有办法。”
爷爷拿起了毯子，翻过来，又翻过去。

جوزېف:

— «بوۋامنىڭ چوقۇم ئامالى بار» — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەدىيالنى بوۋىسىغا تۇتقۇزدى، بوۋىسى ئەدىيالنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان ئۆرۈپ - بۇيان ئۆرۈپ قاراشقا باشلىدى.



Scanned with CamScanner




“嗯……”爷爷拿起剪刀开始喀吱、喀吱地剪。再用针飞快地缝进、缝出缝进，缝出。爷爷说：“这块料子还够做……”

ــ ھېم... ــ دېدى ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە قايچىنى ئېلىپ كىرت ـ كىرت قىلىپ كېسىشكە باشلىدى. ئاندىن يىپ ـ يىڭنىنى چاققانلىق بىلەن ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆتكۈزۈپ تىككەچ:

ــ بۇ رەخت يەتكۈدەك، ــ دېدى.



Scanned with CamScanner



有一天，妈妈对他说：

“约瑟，看看你的外套，缩水了、变小了，一点儿也不合身，真该把它丢了！”

بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— جوزېف، قارا چاپىنىڭغا، يۇيۇۋېرىپ قىسقىراپ، كىچىكلەپ بەدىنىڭگە پەقەت ماس كەلمەي قاپتۇ، ئەمدى ئۇنى راستتىنلا تاشلىۋەتمىسەك بولمىغۇدەك، — دېدى.





Scanned with CamScanner



约瑟说：“爷爷一定有办法。”
爷爷拿起了外套，翻过来，又翻过去。

جوزېف:

— بوۋامنىڭ چوقۇم ئامالى بار، — دەپ يۇگۇرگىنىچە چاپاننى يەنە بوۋىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بوۋىسى چاپاننى قولىغا ئېلىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قاراشقا باشلىدى.



Scanned with CamScanner



“嗯……”爷爷拿起剪刀开始喀吱、喀吱地剪，再用针飞快地缝进、缝出、缝进、缝出。爷爷说：“这块料子还够做……”

— ھىم... — دېدى ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە قايچىنى قولىغا ئېلىپ كىرت - كىرت قىلىپ كېسىشكە باشلىدى. ئاندىن يىپ - يىڭنىنى چاقانلىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئۆتكۈزۈپ تىككەچ: — بۇ رەخت يەتكۈدەك، — دېدى.



Scanned with CamScanner



……一件奇妙的背心。

第二天，约瑟穿着这件奇妙的背心去上学。不过，约瑟渐渐长大了，奇妙的背心也变得老旧了。

... شۇنداق قىلىپ بىر جىلىتكە پۈتۈپ چىقتى.

ئىككىنچى كۈنى جوزېف جىلىتكىنى كىيىپ مەكتەپكە باردى. ئەمما جوزېفنىڭ تەد-رىجىي چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ جىلىتكىمۇ كونىراپ، كىچىك كېلىشكە باشلىدى.






Scanned with CamScanner



有一天，妈妈对他说：“约瑟，看看你的背心，上面沾了胶、又粘着颜料，真该把它丢了！”

بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— جوزېف، جىلىتكەڭگە قاراپ باققىنا، ئۈستىگە يېلىم چاپلىشىپ، بوياقلار يۇ-
قۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇنى تاشلىۋېتەيلى، — دېدى.





约瑟说：“爷爷一定有办法。”
爷爷拿起了背心，翻过来，又翻过去。

— جوزېف:

— بوۋامنىڭ چوقۇم ئامالى بار، — دېگىنىچە يەنە بوۋىسىغا ئاپىرىپ بەردى.
بوۋىسى جىلىتكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قارىدى.



Scanned with CamScanner



“嗯……” 爷爷拿起剪刀开始喀吱、喀吱地剪，再用针飞快地缝进、缝出、缝进、缝出。爷爷说：“这块料子还够做……”

— ھىم... دېدى ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە قايچىنى قولىغا ئېلىپ كىرت - كىرت قىلىپ كې-
سىشكە باشلىدى، ئاندىن يىپ - يىڭنىنى چاققانلىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئۆتكۈزۈپ
تىككەچ: — بۇ رەختمۇ يەتكۈدەك، — دېدى.



……一条奇妙的领带。

每个礼拜五，约瑟都带着这条奇妙的领带去爷爷奶奶家。不过，约瑟渐渐长大了，奇妙的领带也变得老旧了。

شۇنداق قىلىپ بىر گالىستۇك پۈتۈپ چىقتى، ئۇ ھەر جۈمە كۈنى بۇ گالىستۇكنى تا-
قاپ بوۋا - مومىسىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەمما جوزىفنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ گا-
لىستۇكمۇ كونىراپ كەتتى.





Scanned with CamScanner



有一天，妈妈对他说：

“约瑟，看看你的领带，沾到汤，脏了一大块，弄得它都变形了，真该把它丢了！”

بىر كۈنى ئاپىسى:

— جوزېف، گالستۇكۇڭغا قاراپ باققىنا، ئۇنىڭغا شورپىلار تۆكۈلۈپ داغ بولۇپ كېتىپتۇ، ھەتتا شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇنى راستىنلا تاشلىۋەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى.





Scanned with CamScanner



约瑟说：“爷爷一定有办法。”
爷爷拿起了领带，翻过来，又翻过去。

جوزېف:

— بوۋامنىڭ چوقۇم ئامالى بار، — دەپ گالستۇكنى بوۋىسىغا بەردى.
بوۋىسى گالستۇكنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قاراشقا باشلىدى.



Scanned with CamScanner



“嗯……”爷爷拿起剪刀开始喀吱、喀吱地剪，再用针飞快地缝进、缝出、缝进、缝出。爷爷说：“这块料子还够做……”

— ھىم... — دېدى بوۋىسى ۋە قايچىنى قولىغا ئېلىپ كىرت - كىرت قىلىپ كېسىشكە باشلىدى، ئاندىن يىپ - يىڭنىنى چاققانلىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئۆتكۈزۈپ تىككەچ:

— بۇ رەخت يەتكۈدەك، — دېدى.



…… 一块奇妙的手帕。

约瑟收集的小石头，就用这块奇妙的手帕包得好好的。不过，约瑟渐渐长大了，奇妙的手帕也变得老旧了。

شۇنداق قىلىپ بىر دانە قولياغلىق پۈتۈپ چىقتى.

جوزېف كىچىك تاشلارنى يىغىپ بۇ قولياغلىقىغا ئورايتتى، ئەمما جوزېفنىڭ چوڭـ
يىشىغا ئەگىشىپ قولياغلىقمۇ كونىراپ كەتتى.





有一天，妈妈对他说：

“约瑟，看看你的手帕！已经用得破破烂烂、斑斑点点的，真该把它丢了！”

بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— جوزېف، قولياغلىقىڭغا قارىغىنە بالام، تولا ئىشلىتىپ بەك يىرتىلىپ كې-تىپتۇ. ئەمدىغۇ ئۇنى تاشلىۋەتەرسەن، — دېدى.





Scanned with CamScanner



约瑟说：“爷爷一定有办法。”
爷爷拿起了手帕，翻过来，又翻过去。

جوزېف:

— بوۋامنىڭ چوقۇم ئامالى بار، — دېگىنىچە يەنە بوۋىسىنىڭ يېنىغا ئاپاردى.
بوۋىسى قولياغلىقنى قولىغا ئېلىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قاراشقا باشلىدى.




“嗯……”爷爷拿起剪刀开始喀吱、喀吱地剪，再用针飞快地缝进、缝出、缝进、缝出。爷爷说：“这块料子还够做……”

— ھىم... — دېدى ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە قايچىسىنى ئېلىپ كىرت - كىرت قىلىپ كېسىشكە باشلىدى. ئاندىن يىپ - يىڭنىنى چاققانلىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئۆتكۈزۈپ تىككەچ: — بۇ رەختمۇ يەتكۈدەك، — دېدى.



Scanned with CamScanner



……一颗奇妙的纽扣。
约瑟把这颗奇妙的纽扣装在他的吊带上，这样裤子就不会滑下来了。

شۇنداق قىلىپ بىر تۈگمە پۈتۈپ چىقتى.

جوزېف بۇ تۈگمىنى ئاسما ئىشتىنىغا تىكتۈرۈۋالدى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئاسما ئىشتىنى ئەمدى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەيتتى.





Scanned with CamScanner



有一天，妈妈对他说：

“约瑟，你的纽扣呢？”约瑟一看，纽扣不见了！

بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭدىن:

— جوزېف، تۈگمەڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى. چۈنكى ئۇنىڭ تۈگمىسى يوق تۇراتتى.





Scanned with CamScanner



他找遍了所有的地方，就是找不到纽扣。
约瑟跑到爷爷家。

ئۇ ھەممە يەرنى دېگۈدەك ئىزدىدى، ئەمما تۈگمىنى تاپالمىدى. جوزېف بوۋىسى-
نىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ باردى.



Scanned with CamScanner



约瑟嚷着："我的纽扣！我的奇妙纽扣不见了！"
他的妈妈跟着跑来，说："约瑟！听我说。"

— مېنىڭ تۈگمەم! مېنىڭ تۈگمەم يوقاپ كەتتى! — دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ:
— جوزېف، گېپىمنى ئاڭلا بالام، — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى.



Scanned with CamScanner



“那颗纽扣没有了、不在了、消失了。即使是爷爷也没办法无中生有呀！”
爷爷难过地摇摇头，说：
“约瑟啊，你妈妈说得没错。”

— تۈگمەڭ يىتىپ كېتىپتۇ، ئەمدى يوق بولدى. بوۋاڭمۇ يوق نەرسىنى پەيدا قىلالمايدۇ بالام — دېدى ئاپىسى.

بوۋىسى قايغۇرغان هالدا بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— ئاپاڭنىڭ دېگىنى توغرا بالام، — دېدى.





第二天，约瑟去上学。

“嗯……”约瑟拿起笔来，在纸上刷刷刷地写着，他说：“这些材料还够……”

ئىككىنچى كۈنى جوزېف مەكتەپكە باردى.

— ھىم، — دېدى ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ ۋە قەغەزگە شارتىلدىتىپ يېزىشقا باشلىدى.

— بۇ ماتېرىياللار يەتكۈدەك...





Scanned with CamScanner



...... 写成一个奇妙的故事。

... شۇنداق قىلىپ قالتىس بىر ھېكايە پۈتۈپ چىقتى.





Scanned with CamScanner



# كۆك رەڭلىك بۇ بىر پارچە رەختنىڭ ئاددىيلىقى ۋە مەڭگۈلۈكلۈكى

بۇ چوقۇم ھەممىلا ئادەم ئوقۇپ ھەم ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي ھېكايە.

بۇۋىلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئامالى بار. ئۇلار ھەمىشە قارىماققا كونىراپ تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى قايتىدىن يېڭىلاپ سىزگە كۆرسىتىدۇ، كىيگۈزىدۇ، بۇنداق چاغدا ھەيران قالىسىز ھەم ئىنتايىن خۇشال بولىسىز. «پول» ئاستىدىكى يۈگۈرۈپ يۈرگەن چاشقانلار ئائىلىسىمۇ ئىنتايىن ئەقىللىق ھەم ئىشچان، ئۇلار پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئاددىي تۇرمۇشنى بېزەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاددىي تۇرمۇشى ئالدىراشلىق ھەم بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئېسىل ئەسەرنى ئوقۇپ بولدىڭىز، مەنىسىنى ئېنىق چۈشەندىڭىزمۇ؟

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمىلەر سۆزلەندى؟

ئەگەر سىز قۇرامىغا يەتكەن بولسىڭىز، يېنىڭىزدا ئولتۇرغان كىچىك بالىغا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەچ، يەنە نېمىلەرنى كۆرىسىز، نېمىلەرنى ئويلايسىز، ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنى دەيسىز؟

بۇ مەسىلىنى سىز بىلەن بەكمۇ ئورتاقلاشقۇم بار.

بۇ ھېكايىدىكى مۆجىزىنى جوزىفنىڭ بوۋىسى ياراتقان، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە ئەپچىل قولى ياراتقان، ئەمەلىيەتتە بۇنداق مۆجىزىنى ئاق كۆڭۈل چوڭلارنىڭ ھەممىسى يارىتالايدۇ. خۇددى بىر پارچە رەختنى ئىسسىق ھەم راھەت ئەديالغا، ئاندىن ئۇنى كېسىپ، تىكىپ كىيىمگە، گالستۇككا، ھەتتا ئىنتايىن كىچىك بولغان بىر تال تۈگمىگە ئايلاندۇرغاندەك ھەرقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن. يۈ سېنىڭ بوۋىسىنىڭ نەزەر سېلىشى ۋە كۆ-لۈمسىرىشى ئاشۇ مېھرىبان چوڭلارنىڭ بالىلىرىغا نەزەر سېلىشى ھەم ئىللىق كۈلۈمسىرىشىدۇر، بۇنى ھەممە ئادەم ھېس قىلالايدۇ ھەم ئېسىدە ساقلىيالايدۇ. بالىلار، كۆردۈڭلارمۇ؟ ئاللىبۇرۇن بالىلىق ۋاقتىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتۇق، لېكىن نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىمىلىرىنى تەسۋىرلەپ باقمايمىز؟ بۇ، ئىنتايىن ئېسىل ھېكايە بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگۈسى!

بۇ ئېسىل ھەم قالتىس ھېكايە ئەمەلىيەتتە بىر پارچە ئاددىي رەختتىن كەلگەن. ئېسىللىق ھەم قالتىسلىق ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئاددىي نەرسىلەرگە، ئاددىي كىشىلەرگە مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. سىز گەرچە بىر ئاددىي ئادەم بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنى ئەستايىدىللىق بىلەن كېسىپ، تىكىپ گۈزەللەشتۈرسىڭىز. باشقىلار يەنىلا سىزدىن ھۇزۇرلىنىدۇ ھەم ھەيران قالىدۇ. سىز گەرچە ھەر كۈنى ئاددىي تۇرمۇشتا ياشىسىڭىزمۇ، ئالاھىدە ئەھۋاللارغا يولۇقمىسىڭىزمۇ، ھۆر - پەرىلەرنى، پادىشاھلارنى ۋە خارى پوتتېرنى كۆرمىسىڭىزمۇ سىز يەنىلا ئېسىل ئەسەرلەرنى ھەتتا مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايسىز. ئاددىي تۇرمۇش، ئاددىي كۈنلەر ئەڭ ياخشى ماتېرىيالدۇر. مەيلى كۆك



رەڭدە بولسۇن، قىزىل رەڭدە بولسۇن، سېرىق ياكى كۆك رەڭدە بولسۇن، ھەتتا قارا رەڭ بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش. مۇھىمى سىزنىڭ ئۇنى نېمىگە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىڭىزدا. چوڭلارنىڭ قالتىسلىقى پەقەت ئۇنى ئەدىيالغا، ئاندىن كىيىمگە، گالستۇككا، قولياغلىققا، ھەتتا ئازراقمۇ ماتېرىيالى بولمىغان تۈگمىگە ئايلاندۇرۇشلا ئەمەس.

ھەربىر پارچە رەسىمدىكى ئاددىي ھەم ئىللىق بولغان تۇرمۇشتىن، ئۆينىڭ ئىچىدىكى كۆرۈنۈشتىن، كوچىدىكى خۇشاللىقتىن، ھەربىر كۆز ئىپادىسى، ھەربىر تەبەسسۇمدىن ھۇزۇرلىنىشتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك. جوزىفنىڭ سىڭلىسىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئوماققىنا بىر سىڭلىسى بار. بولكا چەمبىرىكىنى ھەم ئېغىزىنى ئېچىپ گەپ قىلىۋاتقان شاتۇتنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئاۋازى بالىلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئۆمۈرلۈك ئەسلىمىسى. ئۆگزىدىكى ئاشۇ ئاددىي خىشلارنى، يولدىكى ئۇچرىغان تاشلارنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇلار ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ يەرنى جانلاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر بۇ يەرگە خۇشاللىق بىلەن كېلىپ ئۈمىدلىك ھالدا قايتىدۇ. بۇ ھېكايىدىكى مۇھىت، بۇ ھېكايىنىڭ سەۋەبى، شۇنداقلا ئۇلار بولمىغان بولسا ئۇ ئېسىل ھېكايىمۇ ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولاتتى.

بۇ يەردىكى باغلاشتۇرغۇچى بولسا جوزىفنىڭ بوۋىسىنىڭ يوقىرى پەللىگە يەتكەن ئىلھامى.

رەسىملىك كىتابنىڭ ئاستىدىكى بىر توپ چاشقانلار ئىنتايىن خۇشال ھەم ئالدىراش، ئۇلار پارچە - پۇرات نەرسىلەر بىلەن ئۆزلىرىنى بېزەيدۇ. مانا بۇنى يازغۇچىنىڭ ئىلھامىنىڭ يوقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئەڭ يوقىرى پەللىسى ھېكايىنىڭ داۋامى: بۇ رەخت يەنە يېتىدۇ... شۇنداق قىلىپ ئىنتايىن نادىر ئەسەر پۈتۈپ چىققان.

باغلاشتۇرغۇچى بولمىسا ھېكايىنى قانداقمۇ داۋاملاشتۇرغىلى بولسۇن؟

بۇ خىل ئاياغلاشتۇرۇش ھېكايىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن، ئىنتايىن ئەپچىل ھەم شائىرانە ھالدا ئاخىرلاشتۇرغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاجايىپ ئەسەر ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن يېزىلىپ بولغان. سىز ئۇنى چۈشىنىپ بولغان، شۇڭلاشقا ئەسەرنىڭ بېشى ھەم ئاخىرى بولالايدۇ. نۇرغۇنلىغان نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ باش - ئاخىرى شۇنداق ماسلاشقان بولۇپ، خۇددى نۇقسانسىز ھالدا چەمبەر سىزغانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان لەززىتى چەكسىز بولىدۇ.

بىزمۇ چەكسىز ھاياجانغا چۆمىمىز.

مېي زىخەن (شاڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو يېزىقى فاكۇلتېتى پىروفېسسورى،
دوكتور يېتەكچىسى)



Scanned with CamScanner

بۇ كىتاب مىڭتيەن نەشرىياتىنىڭ 2008 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى، 2013 - يىلى 4 - ئاي 22 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى
本书根据明天出版社 2008 年 7 月第 1 版， 2013 年 4 月第 22 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: باھارگۈل تۇداخۇن ۋاڭ لىجۈەن
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئايىنىسا ئوبۇل
بەت ياسىغۇچى: ئايىنىسا ئوبۇل
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

كىتاب نامى: **بوۋامنىڭ چوقۇم ئامالى بار**
ئاپتورى: فىبر ھېرمان (كانادا)
تەرجىمە قىلغۇچى: نازىلە ئىلھام
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 2.25
نەشرى: 2015 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2015 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-6366-2
باھاسى: 18.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى - شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

Scanned with CamScanner





ISBN 978-7-5469-6366-2

定 价：18.00元

Scanned with CamScanner